# ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر پەيشەنبە كۈنى ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى

شەقىق ئىبنى سەلەمە «ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھىم قىلسۇن» مۇنداق دېگەن: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەر پەيشەنبە كۈنى ۋەز-نەسىھەت قىلاتتى. بىرى ئۇنىڭغا ئى ئەبۇ ئابدۇراھمان! بىزگە ھەر كۈنى ۋەز-نەسىھەت قىلىپ بەرسىكەن، دەيمەن، دېگەندە. ئۇ: سىلەرنى مالال قىلىپ قوياشنى ياقتۇرمىغانلىقىم، كۈندە ۋەز-نەسىھەت قىلىپ بېرىشتىن مېنى توسۇپ قويىدى. مەنمۇ خۇددى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى مالال قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئارلاپ، ئارىلاپ ۋەز-نەسىھەت قىلغىنىدەك، سىلەرگىمۇ ئارىلاپ سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

شەقىق ئىبنى سەلەمە رەھىمەھۇللاھ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئۇلارغا ۋەز-تەبلىغ قىلىپ بېرىدىغانلىقى ھەققىدە خەۋەر بەرگەن. بىر ئادەم ئابدۇللاھقا: سېنىڭ ھەر كۈنى بىزلەرگە ۋەز-تەبلىغ قىلىپ بېرىشىڭنى ئۈمىد قىلاتتۇق، دېگەندە ئۇ: سىلەرنى زېرىكتۈرۈپ ۋە مالال قىلىپ قوياش مېنى شۇنداق قىلىشتىن توسىدۇ، خۇددى رەسۇلۇللاھ بىزنى مالال قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئارىلاپ-ئارىلاپ ۋەز-تەبلىغ قىلغاندەك مەنمۇ سىلەرنىڭ ئېھتىياجىڭلارغا قارىتا ۋەز-تەبلىغ قىلىپ، سىلەرنى سۆرۈشتە قىلىپ تۇرىمەن، دېگەن. چۈنكى مالال بولغاندا ۋەز-نەسىھەتنىڭ تەسىرى بولمايدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/3082

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee